# ئىزدىنىش

(تاللانما)

11

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1994-يىل 11-سان
(ئومۇمىي 77-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 18- ۋە 19-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى**(1994-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى) ............... (2)
**باشماقالە: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقى ئاستىدا يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتايلى** .............................. (6)
**شارائىت بار، چارە بار، ئۈمىد بار**
——چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا ... جياڭ چۈنيۈن(16)
يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈستىدە مۇلاھىزە .............................. فۇرۇيى(28)
**• جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش مۇنبىرى•**
دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا .............................. لۇ جىنىڭ(36)
**• ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مۇھاكىمە مۇنبىرى•**
پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى .................... شۈي جيەنجۇڭ(44)

★11-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1994-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى 1994-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 182 كىشى، كاندىدات ئەزالىرىدىن 122 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن ئىشتىراك قىلدى. ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن مەركەزلىك ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقاردى. «قارار» مۇنداق تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1. پارتىيە قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر؛ 2. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ 3. پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش؛ 4. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش. ئومۇمىي يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى: «قارار» يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە جەزمەن زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى: 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىز ھەرقايسى جەھەتلەردە پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، بۇنى پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە، سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا

---

كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مول مەزمۇنلۇق پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يۆنىلىشىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. ھازىرقى زامان دۇنياسىدا ۋەزىيەت توختىماي ئۆزگىرىۋاتقان شارائىتتا، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىدەك ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، پارتىيىمىزگە مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە يۈكلەندى. پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى داۋامىدا دۇچ كەلگەن يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، تىرىشىپ ئۆزىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيە، سىياسىي، تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى باشلاپ بەرگەن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ داۋاملىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئىككى يىلدىن بېرى، پۈتۈن پارتىيە 14-قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھازىرقى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، داۋاملىق تۈردە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئەۋج ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن ئاساسىي مەسىلىنى چۆرىدەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن پارتىيىدە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاممىا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە، بولۇپمۇ تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى گەۋدىلىك ھالقا قىلىپ، چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىمىزنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمى، ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك تۈزۈمدۇر. مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پارتىيىمىزدىن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئوبدان مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا؛ بىر تۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ، تەرتىپلىك، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىشقا؛ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئۈزلۈكسىز بىلىش ۋە تەتبىقلاشقا؛ مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە توغرا رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيە بويىچە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى تەربىيىسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشتىكى تۈرلۈك كونكرېت تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك مىزانلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كۈچلۈك ئىجرا قىلىش كېرەك؛ كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش كېرەك؛ پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پارتىيە ئورگانىزمىنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۇمۇمىي يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى، ئۇلار ئاممىغا بىۋاسىتە ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىلەرگە ماسلىشىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پائالىيەت مەزمۇنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، پارتىيە تۇرمۇشىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىككە بىرلەشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئىسلاھات ھەم قۇرۇلۇشنىڭ جەڭگىۋار قورغىنى بولۇشى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغان ھالدا پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇش نىشان قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق كۆرسەتتى: ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىدۇر. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت يېپيېڭى ئىش ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاش ۋە ئىشلىتىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسىر ئاتلاپ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالالايدىغان زور بىر تۈركۈم رەھبەرلىك خىزمىتىگە لايىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش لازىم. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش تۈزۈمى قاتارلىق مۇھىم تۈزۈملەر ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، دېموكراتىيىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نازارەتنى كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى پۈتۈن كارامىتىنى ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان، جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە باي ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن يولداش خۇاڭ جۈينى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى؛ ۋۇ باڭگو، جياڭ چۈنيۈن يولداشلارنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا تولۇقلاپ سايلاشنى قارار قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە باشلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## دۆلەت بايرىمىغا بېغىشلانغان
## باش ماقالە

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقى ئاستىدا يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتايلى

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلغان ۋاقىتتا، بىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 45 يىل تولغان تەنتەنىلىك تويىنى كۈتىۋالدۇق.

45 يىل ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا قىسقىغىنە ۋاقىتنىلا ئىبارەت، بىراق جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز تەقدىرىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش بولغان، ئۆز ۋەتىنىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۆزگىرىش بولغان 45 يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان شانلىق 45 يىلدۇر. بۈگۈنكى جۇڭگودا، ئاۋام-خەلق ئۆز ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ۋە جەمئىيىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرماقتا؛ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى گۈللەپ راۋاجلىنىپ، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆز-ىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى خەلقئارا ئورنى كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى ئابرويى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، خەلقئارا ئىشلاردا دۆلىتىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىپ، خەلقئارادىكى ئابرويى بارغا نسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، خەلقئارا ئىشلاردا دۆلىتىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. مەملىكەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملەنمەكتە ۋە راۋاجلانماقتا. مانا بۇلارغا قاراپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇنىڭدىن 45 يىل بۇرۇنقى تەنتەنىلىك جاكارىنىڭ ئاجايىپ ئەھمىيەتكە بولغان تەسىراتى ھەسسىلەپ چوڭقۇرلاشتى.

ئاز كەم يېرىم ئەسىر تىرىشىپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بىر بوۋاقتىن يېتىلىپ دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەرق گىگانتىغا ئايلاندى. جۇمھۇرىيىتىمىز پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلدى، خەلقىمىز پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلدى، ئەڭ مۇھىمى شۇنداقلا ئەڭ ئاساسلىقى شۇكى، پارتىيىمىز ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بوشاشماستىن ئالغا ئىنتىلىشى نەتىجىسىدە، ئىدىيە

ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلدى.
خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ تۇرىلىش، دۇنياغا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخى پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى يولىدا كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر. جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ 45 يىللىق تارىخىدا، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۆزگەرتىدىغان مۇنداق ئىككى چوڭ ئىشنى قىلدى. بىرى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىن 1956-يىلغىچە، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا، پەيتنى چىڭ تۇتۇپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەتنى سانائەتلەشتۈرۈش بىلەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى بىللە ئېلىپ بېرىش فاڭجېننى قوللىنىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. يەنە بىرى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇ-لۇشقا يۆتكىدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلدى، مۇناسىپ ھالدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ باردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى پەيدىنپەي تۇرغۇزۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى 15 يىل ئىچىدە تېخىمۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. بۇ ئىككى چوڭ ئىشنىڭ بىرىنچىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورۇنلاندى؛ ئىككىنچە-سى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى راۋاجى —— دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيە-سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەريانى-دىكى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە، نەزەرىيە جەھەتتە ئۆزلۈكسىز پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئىككى نامايەندىسىدۇر.
جۇڭگو خەلقى مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، سانسىزلىغان ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى تاپتى. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ئومۇمىي ھەقىقەت. بۇ ئاساسىي قائىدىلەرنى قانداق قىلىپ ھەرقايسى ئەللەرنىڭ زېمىنىدا يىلتىز تارتقۇزۇش، چېچەكلىتىش، مېۋە بەرگۈزۈش ھەرقايسى ئەللەردىكى كوممۇنىستلار ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زور ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە. خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقاي يوللاردا ۋە شانلىق مۇساپىدە، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى جاپالىق ئىزدىنىش ۋە پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىش جەريانى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد جۇڭگو

كوممۇنىستلىرى كونا جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگودەك دېھقانلارنى ئاساسىي ئاممىا قىلغان، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشنى بىۋاسىتە ۋەزىپە قىلغان يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق ھالەتتىكى بىر چوڭ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا ئىجادىي رەۋىشتە تەتبىقلاپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاھالىسى كۆپ، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان جۇڭگودەك دۆلەتتە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىشتەك جاپالىق ۋەزىپىلەرنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئورۇندىدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئەمەلىيەت ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلانغان جۇڭگو ئىنقىلابى توغرىسىدىكى توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپ ۋە تەجرىبە خۇلاسىسىدۇر. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ھەققىدە ئىزدەنگەن ھەمدە نۇرغۇن شانلىق ئىدىيىلەرنى قالدۇرغانىدى. بىراق ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر خاتالىقمۇ ئۆتكۈزدى. بۇ خىل خاتالىقلار تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن قىممەتكە ئىگە ئىزدىنىشلىرى كۆپ ھاللاردا مەجبۇرىي توختاپ قالدى، ھەتتا ئېغىر ھالدا يۆنىلىشتىن چەتلەپ كەتتى. بۇرۇنقى ئىزدىنىشلەر، مەيلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغان بولسۇن، مەيلى ئىجابىي تەجرىبىلەرگە ياكى سەلبىي ساۋاقلارغا ياتىدىغان بولسۇن، پارتىيىمىز ئۈچۈن بۇنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك بايلىق جۇغلانمىسىدۇر، بۇلار بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش يولىنى پەيدىنپەي تېپىپ چىقىشىمىزدا پايدىلىق رول ئوينىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ نەزەرىيە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئىگەللەش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسى تېخى بىرقەدەر ئاجىز بولغان جۇڭگودەك چوڭ دۆلەتتە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشقا قاراپ مېڭىش جەريانىدىكى بەلگىلەشكە، تاللاشقا ۋە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ ۋەزىپە، تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، تاشقى شارائىت، سىياسىي كاپالەت، ستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچ، رەھبىرىي كۈچ ۋە تايانچ كۈچ قاتارلىق بىر قاتار تۈپ پرىنسىپ ۋە فاڭجېن، سىياسەت مەسىلىلىرىنى تۇنجى قېتىم بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ماركسىزمدۇر. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى-نىڭ شەكىللىنىشىنى بىۋاسىتە ۋە ئىشەنچلىك ئەمەلىيەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بولسا بۇ نەزەرىيىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈغ تارىخىي تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان ”ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى“ توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى ھەمدە بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوزغالغان

داغدۇغىلىق ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنى بۇ نەزەرىيە شەكىللىنىشتىكى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دېيىشكە بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، غايەت زور سىياسىي جاسارىتى ۋە نەزەرىيىۋى جاسارىتى بىلەن قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، خاتانى تۈپتىن تۈزەپ، ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىل ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مەنىسى چوڭقۇر پىكىر ۋە پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى شەرھلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئۆتۈشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئورۇنداپ، پارتىيە ۋە خەلقنى ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بىلەن تەمىن ئەتتى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ "مەسىلەك خۇددى بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ" دېگەنىدى. ئىلمىي نەزەرىيە زور قوشۇننى توغرا نىشاننى بويلاپ خەتەرلىك توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە يېتەكلەيدىغان بايراققا ئوخشاش دۆلەت ۋە خەلقنى مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە شانلىق مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ. مۇشۇنداق بايراق بولمايدىكەن، خەلق ئاممىسى مەنىۋى تاياپچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، دۆلەت ۋە مىللەتمۇ خۇددى بىخەتەر بەلگىسى يوق دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىدەك يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىش ۋە غەرق بولۇشتەك بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ. جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيانقى دۇنيا كۆز تىككۈدەك شانلىق ئەمەلىيىتى شۇنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى بىردىنبىر توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپ ۋە تەجرىبە يەكۈنى، بىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۇلۇغ بايرىقىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىدىكى ۋە راۋاج تېپىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا مۇشۇ بايراق، مۇشۇ مەنىۋى تۈۋرۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالىدى، جۇمھۇرىيىتىمىز تېخىمۇ زور ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولالىدى. شۇڭا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۆزىنىڭ "ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى" بايرىقىغا يەنە تەنتەنىلىك ھالدا "دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى"نى يازدى.

ماركسىزم-لېنىنىزمنى تېپىش، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئاندىن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش پارتىيىمىزنىڭ زور بەختى، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ زور بەختى شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ زور بەختى. بىز بۇ نەزەرىيىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇغاندا، بۇ بايراقنىڭ قانچىلىك تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيدىغان، ئاندىن تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ قەتئىي قوغدايدىغان بولىمىز. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى ئىدىيىۋى نەزەرىيە تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم ئورنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس ئىكەنلىكى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە

www.uyghurkitap.com

تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ نەزەرىيىگە نىسبەتەن ئىدىيە جەھەتتە تەۋرىنىش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە چەتنەش قىلمىشلىرىنىڭ ھەرقانداقى، شۈبھىسىزكى، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ئون مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە يىلتىز تارتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ بۇ ماركسىزمىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىدىيىۋى قورالغا چىڭ تايانغاندىلا، ئاندىن بىز ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەت ئالدىدا، چىگىش-مۇرەككەپ ئىچكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەت ئالدىدا باشتىن-ئاخىر مەيدانىمىز مۇستەھكەم بولۇش، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇش، ھەرىكەتتە ئاگاھ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. جۇڭگو ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى؛ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىشى، ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق ئىشقا سېلىشى؛ "ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش"تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پىلانلىق، قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا دۆلەتنى گۈللەنگەن، زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. مانا بۇ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى، شۇنداقلا بىزنىڭ توپ سىياسىي مەيدانىمىزدۇر. مۇشۇ مەيداندا، ھەرىكەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، ئىدىيە جەھەتتە، نەزەرىيە جەھەتتە سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى ساقلىشىمىز لازىم. بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي دۇنياقاراشنى ھەقىقىي ئىگەللىۋالىدىغانلا بولساق، باشتىن-ئاخىر قايمۇقۇپ، گاڭگىراپ قېلىشتىن، ئېقىمغا ئەگىشىپ كېتىشتىن ساقلىنالايمىز، ھەرقانداق بوران-چاپقۇندىمۇ تەۋرەنمەي مەزمۇت تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن توغرا يولنى بويلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىيەلەيمىز.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى تۈۋرۈككە چىڭ تايانغاندىلا، ئاندىن تولۇق جاسارەت ۋە ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىردىكى مۇسابىقىنى كۈتۈۋالالايمىز. كونا ئەسىرنىڭ ئورنىنى يېڭى ئەسىر ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ ئىككى قۇتۇپلۇق ئەندىزىسى ئاياقلاشتى، يېڭى ئەندىزىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، دۇنيادىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر چوڭقۇرسىغا تەرەققىي قىلماقتا، تۈرلۈك كۈچلەر يېڭىباشتىن بۆلۈنۈپ بىرىكمەكتە، تۈرلۈك چوڭ-چوڭ ستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەرمۇ تەڭشىلىپ ئۆزگەرمەك-

تە، دۇنيا دەل كۆپ قۇتۇپلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. بۇنداق چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان تارىخىي دەۋردە، جۇڭگو ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، پەن-تېخنىكا، ئىختىساسلىق خادىم ۋە نوپۇس، مۇھىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك خەلقئارا رىقابەتكە ۋە مۇسابىقىگە دۇچ كەلمەكتە، قىسقىسى بۇ رىقابەت ۋە مۇسابىقە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت ۋە مۇسابىقىدىن ئىبارەت. كېلەر ئەسىردە بۇنداق تۈرلۈك مۇسابىقىلەر تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. ئەگەر بۇ مۇسابىقە ئالدىدا غەيرەتكە كەلمەيدىغان بولساق، مۇسابىقە داۋامىدا چۈشۈپ قالىمىز. جۇڭگوغا باشقا يول يوق، چېكىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. قەھرىمانلىق بىلەن ئالغا بېسىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىپ، مۇسابىقە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزغىلا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىزنى مۇشۇنداق جاسارەت ۋە ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. مۇشۇنداق جاسارەت ۋە ئىشەنچنى تۇرغۇزغاندىلا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى تارىخىي نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھېلىھەم يېڭى تارىخىي دەۋردىكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دېگەن توغرا ھۆكمى، مىللەتنىڭ ئىززەت-ئابرويى، ئۆزىگە ئىشىنىشچانلىقى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، دۆلەت شەنىنى قوغداش توغرىسىدىكى كەسكىن نەسىھەتلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن سوتسىيالىزم بىردەك، جۇڭخۇا مىللەتلىرى سوتسىيالىزم ئاساسىدا راۋاجلىنىشى ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك دېگەن سەممىي تەلىملىرى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈستىدىكى ئومۇمىي لايىھىسى ۋە پرىنسىپال كۆرسەتمىلىرىنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ باتۇرلۇق بىلەن كەلگۈسى مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز ۋە مۇسابىقە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزدىكى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەنىۋى تۈۋرۈك قىلغان جۇڭگو خەلقى 21-ئەسىر سەھنىسىدە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىنى جەزمەن نامايان قىلالايدۇ. دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان، ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان جۇڭخۇا مىللەتلىرى، 50 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاغا ئىگە، شانلىق سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ياراتقان جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك ھەم جەزمەن تۆھپە قوشالايدۇ.

بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە چىڭ تايانغاندىلا، ئاندىن ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھازىرقىدەك ياخشى ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالايمىز ۋە ئالغا سۈرەلەيمىز، تەرەققىيات داۋامىدا كېلىپ چىققان يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايمىز ۋە ھەل قىلالايمىز. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈۋاتىمىز، بىز قىلىۋاتقان ئىش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان يېپيېڭى ئىش. پىلانچانلىقى تازا كۈچلۈك بولغان ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلمىسكە ئۆتۈۋاتقان ئىسلاھات ئالدىدا، بىز بىلمەيدىغان، تونۇش بولمىغان نەرسىلەر ناھايىتى جىق، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەتلەر ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز سەممىيەت بىلەن ئۆگىنىشىمىز، ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز لازىم، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشىمىز، مەسىلىنى تەتقىق قىلىشىمىز، زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزدىكى ئىلمىي مېتودولوگىيىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنى پۈتۈن بىر يۈرۈش ستراتېگىيىلىك ئىدىيە ۋە نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بىزنى ماركسىزملىق تۈپ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تەتبىقلاش ئارقىلىق يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىجادكارلىق روھى بىلەنمۇ تەمىن ئەتتى. بىز بۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋېلىشىمىز ھەمدە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىشىمىز، نەتىجە ۋە ئۇتۇق ئالدىدا كۆرەڭلەپ كەتمەيدىغان، قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ئالدا قايمۇقۇپ قالمايدىغان، كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىك ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇشىمىز، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا ئالاقىدار ھەر بىر خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. ئىسلاھاتتا ھەم قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، چىداملىق بولۇشىمىز، دادىللىق بىلەن سىناق ئېلىپ بېرىپ، باتۇرلۇق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ھەم ئىشنى پۇختا، راستچىللىق بىلەن ئىشلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك؛ ھەم ئىزچىل تۈردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز، ھەم تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىمىز، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەركەزنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىشنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز ھەمدە كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن، تېخىمۇ قېلىپلاشقان پۈتۈن بىر يۈرۈش سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان ئاساس ۋە شارائىت يارىتىشىمىز كېرەك. تەرەققىياتتا ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە مىقدارىغا ئەھمىيەت بېرىش، تېخىمۇ مۇھىمى، تەرەققىياتنىڭ سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ ھەم ئىقتىسادنىڭ تېز، ياخشى تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەم سىياسىي ئىشلار، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچ چوڭ كەسىپنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا، شەرت-شارائىتى ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخىمۇ كۆپ زېھنىي كۈچنى توپلاپ، ھەم ئىسلاھات، تەرەققىياتقا چېتىلىدىغان، ھەم مۇقىملىققا چېتىلىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىيىن مەسىلە ۋە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، تۈپ مەنپەئەت بىلەن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى، ئاممىغا ئومۇمىي جەھەتتىن

مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىنى ۋە ئاممىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئوبدان ئىگەللەپ،
ئىرىشىپ ئەڭ كۆپ ساندىكى ئاممىنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتتىن جانىجان مەنپەئەتكە ئىگە قىلىش،
ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەپ، تىنچ-ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىدىيە
ۋە ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداپ، تۈرلۈك
ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ توپ قىبلىنامىگە چىڭ تايانغاندىلا، ئاندىن
پارتىيىمىزنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارالايمىز. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇب بولۇشى پارتىيىمىزگە
باغلىق، پارتىيىمىزنىڭ قۇدرەتلىك بولۇش-بولماسلىقىغا باغلىق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇلۇغۋار
تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىلى يىراق. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ
ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ بىنا قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر
چۈشىنىپ، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»نىڭ روھىنى
ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە پارتىيە رەھبەرلە-
كىنى ياخشىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە پارتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك، ئۆزىنى قاتتىق
باشقۇرۇشى كېرەك دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز
ۋە ياخشىلىشىمىز لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرد-
نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. ستراتېگىيە جەھەتتىن
ئومۇمىيلىقنى ۋە يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى
ھەر جەھەتتىن ئۆستۈرۈپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن
يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەلپ
قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ
ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى جەڭگىۋار قورغانلىق
رولىنى ۋە ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى
ۋە نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلمىي، مۇكەممەل تۈزۈملەر ئارقىلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ، بارلىق
پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قائىدىگە سېلىپ، چىرىكلىك پەيدا بولۇشتىكى مەنبەنى يوقىتىپ، پارتىيە
ئىچىدە ھەر خىل ناچار ئەھۋاللارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش
كېرەك. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىيە
ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيىنى ئىنتايىن ياخشى
بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقى

ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۇنۇملۇك تۈردە قوزغاپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادىسى، ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تولۇق مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش يولىدا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش يولىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، نۆۋەتتە پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركەزگە بويسۇنۇشىنى، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشنى تەكىتلەش تېخىمۇ زۆرۈر. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا، بۇ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن ۋە بەلگىلەنگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ مۇشۇ توپ نەزەرىيىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىمۇ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ بۇ جېنىغا ئۇيغۇن بولۇشى ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئائىت ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن-ئىشلەنمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نەتىجىلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ئارقىلىق ئۆلچەش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش ئۈچۈن، بۇ نەزەرىيىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئۆگىنىش لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كەڭ كادىرلارغا ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىش ئومۇمىيلىق جەھەتتىن ۋە ئۇزاق كەلگۈسى جەھەتتىن ئەھمىيەتلىك بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر. پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشىردىن چىققاندىن بۇيان، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلمەكتە ۋە ئەۋج ئالماقتا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى بويىچە نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان كۆپ كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى كۈندىن-كۈنگە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، دېمەك بۇ ئىشتا بىر ياخشى باشلىنىش بولدى. شۇنداقتىمۇ بىز ھازىرقى ئەھۋال بىلەن قانائەتلىنىپ، بىر ئىزدا توختاپ قالساق بولمايدۇ. پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشنى ئۆزنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە ئالغا سۈرۈپ، ئۈنۈملۈك چارە ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇپ چىقىش كېرەك دېگەن مۇھىم ۋە ئاساسىي مەسىلىنى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ،

ئىزدىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن توغرا ئىگەللەش ئاساسىدا، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلدىن تولۇق پايدىلىنىپ رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، رېئال مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، نەزەرىيە ئارقىلىق رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتەك ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى تىكلەپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلە-تىش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن، ئۇ ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بۇ نەزەرىيە مول سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ.

دېمىگىن تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلى، مانا مەغرۇر ئاتلىدۇق بىز بېشىدىن دەسسەپ ئۇنى. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قانۇنىيىتىنى تونۇپ ۋە ئىگەللەپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئۈچۈن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان باش لۇشيەننى تۇرغۇزۇپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئىنقىلاب ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن غەلىبە قازانغانىدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، پارتىيىمىز كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ۋە دەۋر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولغان ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنگە ئىگە بولدى، خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تېخىمۇ كەڭ يولغا قاراپ ماڭدى. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، بۇ داغدام يولنى بويلاپ مېڭىۋېرىدىغانلا بولساق، يەنە بىرنەچچە ئون يىل، يۈز يىل بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىمىز جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقى ئاستىدا جەزمەن يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ، سوتسىيالىزممۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئاساسىدا جەزمەن يەنە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ!

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدىن ئىبارەت شانلىق بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئەتىسىگە قاراپ، دولقۇنلارنى يېرىپ، باتۇرانە ئالغا باسايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: تەلئەت ئىبراھىم**
**رىسالەت ئابلا**
**ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

www.uyghurkitap.com

# شارائىت بار، چارە بار، ئۈمىد بار

## ——چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا

جياڭ چۈنيۈن

يېقىندا، مەن مەركەزنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى باشقۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردىم. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئومۇمىي جەھەتتىن شۇنداق تەسىرات ئالدىمكى، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىق ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن پايدىلىق ئامىللارمۇ ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭدا شارائىت بار، چارە بار، ئۈمىد بار دېيىشكە بولىدۇ.

## 1. شەنىدۇڭنىڭ چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا نەتىجە كۆرۈنەرلىك، ۋەزىيەت ياخشى. ئۆلكە بويىچە چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىن جەمئىي 1208ى بار. 1989-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ئوتتۇرىچە يىلىغا 14.19% ئاشقان، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا-بېجى ئوتتۇرىچە يىلىغا 14% ئاشقان. بۇ يىل 2-ئايدىن 7-ئايغىچە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 17.3% ئاشقان، سېتىش كىرىمى 13.2% ئاشقان، ئوخشاش ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، تاپقان پايدىسى 30.33% ئاشقان. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقا ئىقتىسادىي تەركىبتىكى كارخانىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقى روشەن. ئۆتكەن يىلى، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يېزا-بازار كارخانىلىرى، ”ئۈچ خىل مەبلەغ“ كارخانىلىرىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 69.4 ۋە 133.8 پىرسەنت تۆۋەن بولغان؛ سېتىش كىرىمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 16.2 ۋە 148 پىرسەنت تۆۋەن بولغان؛ ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا-بېجى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 37.2 ۋە 137 پىرسەنت تۆۋەن بولغان. ھازىر پۈتۈن ئۆلكە بويىچە چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ 38.2 پىرسەنتىدە زىيان كۆرۈلۈپ، قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ. نۇرغۇن يولداشلار، ئەگەر بۇنداق ئەھۋال ئۆزگەرتىلمىسە، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ

يېتەكچى ئورنى ئاجىزلىشىپ كېتەرمىكىن، ھەتتا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تەكشى تەرەققىي قىلىشىغا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىككە تەسىر يېتىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشۋاتىدۇ. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: ”چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى باشقۇرۇش ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي مەسىلە.“ چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى مۇشكۈل ھەم جىددىي، ئۇنى چوقۇم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، كۈچنى توپلاپ ھەل قىلىشىمىز لازىم.

چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولامدۇ-يوق؟ بۇنىڭ جاۋابى ئېنىق. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر جايدا ياخشى باشقۇرۇلغان بىر تۈركۈم چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. سۆھبەتكە قاتناشقان ياخشى باشقۇرۇلغان 18 كارخانىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئۆتكەن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 20 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاشقان، ئەڭ كۆپ بولغىنى 2 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشۇرغان؛ سېتىش كىرىمى 25 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاشقان، ئەڭ كۆپ بولغىنى 2.3 ھەسسە ئاشۇرغان؛ ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا-بېجى 20 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاشقان، ئەڭ كۆپ بولغىنى 4 ھەسسە ئاشۇرغان؛ مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان 500 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە 24ى بولۇپ، ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا سانائەت كارخانىلىرى. پاكىت چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتا ھەم قىيىنچىلىق، ھەم پايدىلىق ئامىللار بار. باشقا ئىقتىسادىي تەركىبتىكى كارخانىلارغا سېلىشتۇرغاندا، نۆۋەتتە چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى جانلىق بولماسلىق، مەھسۇلاتنى يېڭىلاش تېز بولماسلىق، كارخانىنىڭ يۈكى ئېغىر بولۇش ۋە ئىجتىمائىي سېلىقى تولىمۇ چوڭ بولۇپ كېتىشتەك نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار بازار رىقابىتىدە پايدىسىز ئورۇندا تۇرماقتا. لېكىن، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى روشەن ئۈستۈنلۈككىمۇ ئىگە. بىرىنچىدىن، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى يەنىلا خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى ۋە تايانچ كۈچى بولۇپ تۇرماقتا. ئۆلكىمىز بويىچە، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلكى پۈتۈن ئۆلكىدىكى سانائەت خاراكتېرلىك مۇقىم مۈلۈكنىڭ 61.57 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئىشقا ئاشۇرغان پايدا-بېجى 38.92 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن. ئىككىنچىدىن، كۆلىمى چوڭ، كۆلەملىك ئۈنۈمى ياخشى. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ھەر بىر ئىشچى-خىزمەتچىگە توغرا كەلگەن مۇقىم مۈلۈك 41 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، باشقا كارخانىلاردىن 26 مىڭ 100 يۈەن كۆپ؛ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون يۈەندىن ئاشقان 426 كارخانا ئىچىدە، 254ى چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى بولۇپ، 59.62 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، قوشۇنىنىڭ سۈپىتى ياخشى. زاۋۇت دەرىجىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىدىن ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

پۇتتۇرگەنلىرى 50.9 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلىرى 73.1 پىرسەنتنى، ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار 41 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىپ، باشقا مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلاردىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئىناۋىتى ياخشى، ئۇچۇر يوللىرى كۆپ. ئۆتكەن يىلى، ئۆلكە بويىچە يالغان، ساختا، ناچار تاۋارلارغا دائىر 6579 پارچە ئەنزە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىن بىرسىمۇ چىقمىغان، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتىغا نىسبەتەن ئامما خاتىرجەم بولىدۇ. چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشىش ۋە ھەمكارلىشىش يوللىرى بىر قەدەر كەڭ، زاۋۇت باشلىقى ۋە سودا خادىملىرى، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلارنىڭ ئەھۋالىغا نىسبەتەن بىر قەدەر پىششىق، كەسپىي سەۋىيىسى ۋە تىجارەت سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى. 1990-يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە كۆپ قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىر قاتار يوليورۇقلارنى بېرىپ، چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق نىشان ۋە يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مۇھىت شارائىتىمۇ ياخشىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەپ، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، پائال تۈردە ئالغا ئىنتىلىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى قۇرۇشنى تېزلەتسەكلا، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى قايتىدىن كۆرسىتىپ، يەنە شانلىق نەتىجە يارىتىشى تامامەن مۇمكىن.

## 2. چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ يولى

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جايلار ۋە كارخانىلارنىڭ چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش جەھەتتە پائال ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، بەزى ياخشى تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك يوللارنى تاپقانلىقىنى سەزدىم، يىغىپ ئېيتقاندا مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىكى تەجرىبە بار:

**زور كۈچ سەرپ قىلىپ كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش.** چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ جانلىق بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىغانلىقىدا، كۆپ ساندىكى كارخانىلار بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ، كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشكە قويغان. جىنەن موتسىكلىت كارخانىلار گۇرۇپپىسى ئۆلكىمىزدە بىرىنچى تۈركۈمدە زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانا، ئۇلار «خەلقئارالىق چوڭ بازاردا رىقابەتلىشىپ، كارخانىمىزنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ كارخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقايلى» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۈچ جەھەتتىكى تۈزۈم ئىسلاھاتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 16 تۈرلۈك تۈزۈمنى

يۇرۇشلەشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلغان. ئۆتكەن يىلى يەنە مەملىكەت بويىچە ھەمكەسىپلەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى بولۇپ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش بويىچە سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگەن. 1993-يىلى، مەھسۇلات قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 153% ئاشقان، سېتىش كىرىمى 197% ئاشقان، پايدا-بېجى 180% ئاشقان، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى ئۇدا ئىككى يىل قاتلانغان ئاساستا يەنە قاتلانغان. شەندۇڭ بالۇن زاۋۇتى، ۋېيفاڭ شولتا زاۋۇتى ئىلگىرى زىيان تارتىدىغان كارخانىلار ئىدى، ئۇلار ئۈچ جەھەتتىكى تۈزۈم ئىسلاھاتىنى تۇتۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلىگەندىن كېيىن، تېزلا قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىققان. پاكىتلار چۈشەندۈردىكى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش ياخشى كارخانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا "گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرگەن"دەك بىر ئىش بولىدۇ، ناچار كارخانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا "قاتتىق سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرگەن"دەك بىر ئىش بولىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى كارخانىلار بولسۇن، مۇشۇ ئىشقا چىڭ تۇتۇش قىلسىلا، ھاياتىي كۈچى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ، ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆسىدۇ، قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

**مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ۋە كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، سەرخىللاشتۇرۇپ، دەرىجە ۋە كۆلەمنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئاشۇرۇپ مېڭىش.** بەزى كارخانىلارنىڭ جانلىق بولماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب رىقابەت كۈچىگە ئىگە يېڭى مەھسۇلاتنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن بولغان. جىنەن كامباس كۋارتىس سائىتى زاۋۇتى شانلىق تارىخى بار، مەھسۇلاتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بازىرى ئىتتىك بولغان، يىللىق پايدا-بېجى ئون مىليون يۈەنگە يەتكەن كارخانا ئىدى. بىراق كۆپ يىللاردىن بۇيان مەھسۇلاتى ئىزچىل ھالدا بىر خىل بولۇپ، تۈرى، رەڭگى، ئۆلچىمى كونا بولغاچقا، مەھسۇلات سېتىلماي، ئۆتكەن يىلى ئىشلەپچىقىرىشى 71.8% تۆۋەنلەپ، 20 مىليون يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتقان، چولپان كارخانىدىن زىيان تارتىدىغان كارخانىغا، كۆپ پايدا يارىتىدىغان كارخانىدىن زور زىيان تارتىدىغان كارخانىغا ئايلىنىپ قالغان. بەزى كارخانىلار بولسا مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلاتنى ۋاقتىدا يېڭىلاپ تۇرغانلىقىدىن، ئەھۋالى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان. ۋېيفاڭ خۇاگۇاڭ ئېلېكترون كارخانا گۇرۇپپىسى ئەسلىدە ئادەتتىكى ئۈنئالغۇلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىدى. ئالدىنقى يىللاردا مەھسۇلاتى ئېغىر ھالدا بېسىلىپ قېلىپ، كارخانا قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇلار كۈچنى توپلاپ ئېلېكترونلۇق نەشرىيات سىستېمىسى، پروگراممىلىق كوممۇتاتور، سىمسىز ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىستېمىلىق يۇقىرى-يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئاچقان، خۇاگۇاڭ "6" تىپلىق ئېلېكترونلۇق باسما سىستېمىسى خەلقئارادىمۇ ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتكەن، شۇنداق قىلىپ كارخانا بىراقلا پاسسىپلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۈنۈمى يىلمۇيىل زور دەرىجىدە ئاشقان. 1991-يىلدىن 1993-يىلغىچە ئوتتۇرىچە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 85.3%، يىللىق ئوتتۇرىچە پايدا-بېجى 46.3% ئېشىپ مېڭىپ، چوڭ تىپتىكى بىر كارخانىلار گۇرۇپپىسىغا ئايلانغان. ئىككى خىل ئۇسۇل، ئىككى خىل نەتىجە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ناچار مەھسۇلات بىر كارخانىنى

ۋەيران قىلدۇ، بىر ياخشى مەھسۇلات بىر كارخانىنى روناق تاپقۇزىدۇ. چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى بازار كۆزقارىشى، مەھسۇلات كۆزقارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، قايغۇرۇش ئېڭىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ بازىرى ئىتتىك بولغان، كونى ياخشى ئۆتكەن چاغلاردا، مەھسۇلات سېتىلماي تۇرۇپ قالىدىغان، كونى تەس بولىدىغان چاغلارنىمۇ ئويلاپ، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى زاپاس ساقلاش، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ياساش، بىر ئەۋلاد مەھسۇلاتنى ئالدىن بايقاش، بىر قەدەم مېڭىپ ئۈچ قەدەمنى كۆرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بازاردىكى كەسكىن رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ.

چوڭ كارخانىلارنى كۈچەيتىش، كىچىك كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش، ياخشى كارخانىلارنى كېڭەيتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ناچار كارخانىلارنى شاللىۋېتىش، قوشۇۋېلىش، بىرلەشتۈرۈش، گۇرۇپپىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات يولىدا مېڭىش بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جەھەتتە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. تەيۈەن ھاراق باش زاۋۇتى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلاردىن بەشنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، 400دىن كۆپرەك كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ، شەندۇڭ ئۆلكىلىك تەيشەن ھاراق-ئىچىملىك گۇرۇپپىسى باش شىركىتى قۇرغان، سۈرئەت ۋە ئۈنۈمى يىلمۇيىل زور ھەجىمدە يۇقىرى ئۆرلەپ، ئۆتكەن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى %26.9، پايدا-بېجى %67.4 ئاشقان. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە چوڭ تىپتىكى كارخانىلار گۇرۇپپىسىدىن 360ى قۇرۇلۇپ، مەھسۇلات قىممىتى، پايدا-بېجى ۋە ئېكسپورت يولى بىلەن تاپقان تاشقى پېرېۋوتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ 43 پىرسەنتى، 41.2 پىرسەنتى ۋە 46 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى بىر تايانچ كۈچكە ئايلانغان. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كارخانىلار گۇرۇپپىسنى قۇرغاندا، چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگىلى، شۇنداقلا ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، سۇنۇش گىرداۋىغا يەتكەن كارخانىلارنى قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، دېمەك بۇ بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدىغان چارە بولۇپ، پائال يولغا قويۇش كېرەك.

**كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش.** كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان بازار رىقابىتى ئالدىدا، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. 1979-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 7592 تۈرلۈك تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئورۇنلانغان بولۇپ، جەمئىي 65 مىليارد 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، يىلىغا يېڭىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 137 مىليارد 400 مىليون يۈەن كۆپەيگەن، يېڭىدىن پايدا-باج 28 مىليارد يۈەن كۆپەيگەن، يېڭىدىن تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئىقتىدارى 2 مىليارد 440 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيگەن. تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئالدىغا ئۆتۈش ئېڭىغا ئىگە بولۇش، باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، دەرىجىسى يۇقىرى، سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شەندۇڭ شىنخۇا دورا زاۋۇتى تاموژنا بېجى-سودا باش كېلىشىمى تەشكىلاتىغا قايتا كىرگەندىن كېيىن خەلقئارا بازاردىن كېلىدىغان تەسىرنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان 23 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ يېڭى دورىلارنى ئېچىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ھازىر بەش

خىل يېڭى دورىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ، كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرغان.

چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش چارىلىرىنىڭ بىرى. زاۋجۇاڭ 2-پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى چەتنىڭ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە ئۈسكۈنىلەر ئۈستىدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان، ”نيوزى“ سىستېمىلىق مەھسۇلاتنىڭ مىقدارى %40 ئاشۇرۇلۇپ، سۈپىتى خەلقئارادىكى داڭدار ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتكەن، مەھسۇلات ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن، مەبلەغ ۋە تېخنىكا مەسلىسى ھەل بولۇپلا قالماستىن، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىشكە، باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق بولغان، دېمەك بىر ئىش بىلەن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشتى دېيىشكە بولىدۇ.

**كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىچكى يوشۇرۇن كۈچلارنى تولۇق قېزىش.** باشقۇرۇشى قالاق بولۇش چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى نۇرغۇن كارخانىلاردا بولىدىغان ئەجەللىك ئاجىزلىق. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، ئۈنۈمى ناچار كارخانىلاردا بولىدىغان مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۆرلەپ كېتىش، ئۈسكۈنىلەر ساق بولماسلىق ئەھۋاللىرى كۆپىنچە ئۈسكۈنە تېخنىكىسى قالاق بولغانلىقىدىن پەيدا بولماستىن، بەلكى باشقۇرۇشى چىڭ بولمىغانلىقىدىن، ئىلمىي بولمىغانلىقىدىن بولغان. ئەكسىچە، ئۈنۈمى ياخشى باشقۇرۇلغان كارخانىلاردا قاتتىق، ئىلمىي باشقۇرۇشى بولغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، باشقۇرۇش تۇتتۇلسا سۈرئەت، سۈپەت، ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ، كىم باشقۇرۇشنى تۇتسا شۇ نەپكە ئېرىشەلەيدۇ. ۋېيفاڭ سېمونت زاۋۇتى يىلىغا 800 مىڭ توننا سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىسى بولۇپ، ئىلگىرى باشقۇرۇشى قالايمىقان، كىشلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ كەتكەن، ئۈنۈمى تۆۋەن ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، ئۇلار، بىرىنچىدىن، قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورناتقان، پۈتۈن زاۋۇت بويىچە ھەر بىر ئىش تەرتىپى، ھەر بىر ھالقا، ھەر بىر ئىش ئورنىغىچە قاتتىق قائىدە-تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، تەلەپ، ئۆلچەم، تەكشۈرۈش ۋە مۇكاپاتلاش-جازالاش بولغان باشقۇرۇش تورى شەكىللەنگەن. ئىككىنچىدىن، ”تۆتتە قاتتىق بولۇش“، يەنى تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، ناچار كەيپىياتنى تۈزىتىشتە قاتتىق بولۇش، رەھبەرلىكنىڭ نازارەت قىلىشىدا قاتتىق بولۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تەكشۈرۈشتە قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زاۋۇتنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى تازا يۇقىرى بىر بالداققا چىققان.

www.uyghurkitap.com

ئۇچىنچىدىن، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان، كارخانىنىڭ ھەرقانداق مۇھىم تەدبىرلىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قوزغاپ دېموكراتىك مۇزاكىرە قىلىش، ئىجابىي تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىدا قوللىنىلغان. چىڭداۋ خەيئېر كارخانىلار گۇرۇپپىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە چولپان كارخانىغا ئايلىنالىشىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش، ئىلمىي باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتقانلىقىدىن بولغان. ئۇلار قاتتىق سۈپەت ئۆلچىمىنى ئورنىتىپ، قاتلاممۇ قاتلام ئۆتكەلنى تۇتقان. بىر قېتىم لاياقەتسىز مەھسۇلات چىقىپ قالغاندا، زاۋۇت باشلىقى ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىنى چاقىرىپ، نەق مەيداندا لاياقەتسىز توڭلاتقۇنى چېقىپ تاشلىغان، بۇ ئىش بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ سۈپەت ئېڭى، باشقۇرۇش ئېڭى زور دەرىجىدە ئاشقان، مەھسۇلات سۈپىتى تېزدىن ئۆسكەن، بازارنىڭ تەلەپ-ئېھتىياجى جىددىي ئاشقان. قىسقىغىنە 4 يىل ئىچىدە مەھسۇلات مىقدارى 200 مىڭ دانە توڭلاتقۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئېشىپ 500 مىڭ دانىگە، مەھسۇلات قىممىتى 314 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 مىليارد 360 مىليون يۈەنگە، پايدا-بېجى 45 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ 178 مىليون يۈەنگە يەتكەن. باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە كۆپ مەبلەغ كەتمەيدۇ، ئۇنى ھەرقانداق كارخانا قىلالايدۇ. چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى خىزمەتنىڭ گەۋدىلىك مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، تىرىشىپ چوڭراق بۆسۈش ھاسىل قىلىشى كېرەك.

**بىر كەسىپنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش.** نۆۋەتتە كارخانىلاردا ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر. ئۆلكە بويىچە چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئارتۇق خادىملار 20 پىرسەنتچىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، تەخمىنەن 440 مىڭ ئادەم بار ئىكەن. بەزى كارخانا ياكى سېخلاردا ”بىر ئورۇننىڭ ئىشىنى ئىككى ئادەم قىلغان، بىرسى ئىشلىسە بىرسى قاراپ تۇرغان“. بۇنداق ئارتۇق خادىملارنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، قانداق قىلىپ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى ئېچىش چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە. بەزى كارخانىلار پائال ئىزدىنىپ، بىر كەسىپنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش يولىدا مېڭىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. يەنجۇ كان ئىشلىرى ئىدارىسى ”كۆمۈرچىلىكنى ئاساس قىلىش، كۆمۈرچىلىك بىلەن غەيرىي كۆمۈرچىلىكنى تەڭ ئېتىۋارغا ئېلىش“ ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، پۈتۈن ئىدارىنى كۆمۈرچىلىكتىن باشقا كەسىپلەر بويىچە ”ئومۇمىي خور“ ئېيتىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق 64 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ توپلاپ، تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى، ئۈنۈمى يۇقىرى، سەرپىياتى تۆۋەن

مەھسۇلاتنى مۇھىم نۇقتا قىلغان تۈردىن 40نى ئېچىپ، 19 مىڭ 806 نەپەر ئارتۇق خادىمنى ئورۇنلاشتۇرغان، 1993-يىلى مەھسۇلات قىممىتىنى 669 مىليون يۈەنگە يەتكۈزگەن، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشدا زىيان كۆرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا، غەيرىي كۆمۈرچىلىك كەسپىدىن پايدا-باجنى 384 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 1992-يىلدىكىدىن 2.68 ھەسسە ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پائال يول ئاچسىلا، ئارتۇق خادىملارنى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، كارخانا تەرەققىياتىدىمۇ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسى شەكىللىنىدۇ.

**بەنزە ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كارخانا سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇش.**

چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم كۈچلۈك، چوڭ ئىشنى قىلالايدىغان بىر رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشى، ياخشى بىر خوجايىن، ياخشى بىر باشلامچى بولۇشى لازىم. شەندۈڭ سېمونت زاۋۇتى ئەسلى بىر ئېغىر زىيان تارتىپ كەلگەن كارخانا ئىدى. 1990-يىلى يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋەزىپىگە چىققاندىن كېيىن، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، دەرىجىمۇ دەرىجە ئۈلگە بولۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يېتەكچىلىك قىلىپ ئىشلىگەن. بىرقانچە يىلدىن بۇيان زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبەرلەردە بىرەر قېتىممۇ ئارام، دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرى بولمىغان، جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىدە رەھبىرىي كادىرلار ئالدىدا تۇرغان. زاۋۇت بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ۋاقتىنىڭ سىرتىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئىش كۈنىنى مەجبۇرىي ئىشلەپ، ئاخىرى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا يەتكەن كارخانىنى قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۆتكەن يىلى پايدا-باجنى 20 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، مەملىكەتتىكى ھەمكەسىپلەر بويىچە ئىلغار ئورۇنغا ئايلانغان. لېكىن، بەزى كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدە بوشاڭلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، ھورۇنلۇق مەسىلىسى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. بەزىلىرىدە ئىشچانلىق كەمچىل بولۇپ، ”بىر كۈن خېشاڭ بولسا، بىر كۈن داڭ ئۇرغان“، كارخانا ئۇزاق مۇددەت زىيان تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز سەنىمگە دەسسەپ، مائاش، مۇكاپات سوممىسىنى ئېلىۋەرگەن، مېھمان چاقىرىش، سوۋغات بېرىش، كەيپ-ساپا قىلىشتەك ئىشلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بەزىلىرىنىڭ ساپاسى ناچار، ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي، قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ چېكىنىپ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىغان؛ تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بەزىلىرى ھوقۇققا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، نام-مەنپەئەت تالىشىپ، ئىتتىپاقسىزلىق كەلتۈرۈپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىدىن ئېغىر ھالدا ئايرىلغان. بۇنداق كارخانىلاردا، ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولمايلا قالماستىن، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن جىددىي بولغان، ھەتتا ۋەقە تۇغدۇرۇلغان. پاكىتلار

ئىسپاتلىدىكى، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئادەمنى ياخشى تاللاش، ياخشى ئىشلىتىش، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئاز ساندىكى كادىرلارنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ تەڭشەپ يەڭگۈشلىۋېتىش كېرەك. بىزنىڭ كارخانىچىلىرىمىز، جۈملىدىن زاۋۇت باشلىقى، دىرېكتور ۋە پارتكوم شۇجىلىرى جاپا تارتىشتىن قورقماي، ئەمەلىي ئىشلىشى ۋە جان تىكىپ ئىشلىشى؛ زىيان تارتىشتىن قورقماي، كۆپ تۆھپە قوشۇپ، ئاز ئېلىشى؛ ئازار يەپ قېلىشتىن قورقماي، كەڭ قورساقلىق بولۇپ، جاپا-مۇشەققەت ۋە تاپا-تەنىگە قارىماي ئىشلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغىلى، كارخانىنى روناق تاپقۇزغىلى بولىدۇ.

يۇقىرى سۈپەتلىك بىر ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ بولۇشى چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسى. ياخشى باشقۇرۇلغان ئاشۇ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەت بەرگەن. دېجۇ جېنخۇا ئەينەك زاۋۇتى ئىشتىن سىرتقى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇنداق بىر مەسنەۋى يېزىلغان: ”گۇناھدۇر كوممۇنىست تۆھپىسىز ياشاش، پەرزدۇر ئاممىغا بولۇش ئۈلگە-باش“، توغرىسىغا ”پارتىيە ئۇچۇن شان-شەرەپ كەلتۈرەيلى“ دەپ يېزىلغان. بۇ مەزكۇر كارخانىنىڭ پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ تەسۋىرى. ئۇلار يەنە كۈچلۈك سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت تۈزۈمى ئورنىتىپ، ۋەزىپىنى نىشانلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، ئىستىلنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، تەربىيىنى ئىلمىيلەشتۈرۈشنى يولغا قويغان، ”تىرىشىپ جېنخۇا ئادىمى بولۇش“ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ نىشانى بىر، نىيىتى بىر، كۈچى بىر بولغاچقا، ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئاشقان. 1993-يىلى، ئەمەلگە ئاشۇرغان پايدا-بېجى 42 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە پايدا-باج ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا بىرىنچى چوڭ كارخانىغا ئايلانغان، بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتا، چوقۇم جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىپ، كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي تۇردە كارخانىلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

## 3 . مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە ئەمەلىي مەسىلىلەر

چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشتا ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەشكە تايىنىش كېرەك، لېكىن ياخشى تاشقى شارائىت يارىتىپ بېرىشمۇ زۆرۈر. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك:

**كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن قەرزنى قايتۇرۇش مەسىلىسى.** نۆۋەتتە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ قالدۇق سوممىسى 13 مىليارد 520 مىليون يۈەن، بۇنىڭدىن يېڭى كارخانا مالىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىن بۇرۇنقى قەرز پۇل 10 مىليارد 290 مىليون يۈەن بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆتكەن يىللىق ئومۇمىي پايدا سوممىسىدىنمۇ 1 مىليارد 380 مىليون يۈەن كۆپ بولغان، ئەگەر ھەممە قەرزنى باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرسۇن دېسە، كۆپ ساندىكى كارخانىلار قايتۇرالمايدۇ. بۇ رېئاللىقنى كۆزدە تۇتقاندا، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە بېرىلگەن قەرز پۇلغا نىسبەتەن زۆرۈر بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، تارىخ قالدۇرغان بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك.

**تۇراقسىز مەبلەغ قىس بولۇش مەسىلىسى.** نۆۋەتتە، كارخانىلارنىڭ مەبلىغى قىس بولۇپ، نۇرغۇن كارخانىلار ئىشنى نورمال يۈرگۈزەلمەي قالغان. مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، بىر تەرەپتىن، ئاساسلىقى كارخانىنىڭ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئامبارنى تازىلاپ، بېسىلىپ قالغان ماللارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، مەبلەغتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تايىنىش كېرەك. ئەگەر پۈتۈن ئۆلكىدىكى مۇستەقىل ھېساۋات قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرى مەبلەغنىڭ ئوبوروت قىلىش كۈنىنى 10 كۈن قىسقارتسا، تۇراقسىز مەبلەغتىن 6 مىليارد 900 مىليون يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىناۋەتلىك قەرز سىياسىتىنى تەڭشەپ، ئىناۋەتلىك قەرز كۆلىمىنى تېزگىنلەشنى كۈچەيتىش شەرتى ئاستىدا، تۇراقسىز مەبلەغ جەھەتتە بىر ئاز قويۇۋېتىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشكە ياردەم بېرىش كېرەك.

**كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغانلىقى مەسىلىسى.** نۆۋەتتە، چوڭ-ئوتتۇرا دۆلەت كارخانىلىرى جەمئىيەت ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى چوڭ بىر قىسىم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىنتايىن ئېغىر بوينى يۈدۈۋالغان. پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 300 مىڭ ئادەم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئارقا سەپ، مۇلازىمەت تارماقلىرىدا ئىشلىگەن بولۇپ، بۇلار ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 10 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان؛ چوڭ-ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ مۇقىم مۈلكى

ئىچىدە، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مۇئەسسەسە 20 پىرسەنتتىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلغان؛ 1993-يىلى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملار 530 مىڭغا يېتىپ، ھازىر بار ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 15.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان، ئۇلارغا كەتكەن بىر يىللىق چىقىم 1 مىليارد 630 مىليون يۈەن بولۇپ، كارخانىلارنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى پايدا-بېجىنىڭ 23 پىرسەنتى بىلەن تەڭ بولغان؛ 1985-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆلكە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت-قاتناش كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش راسخوتى 4 ھەسسە، پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى 3.8 ھەسسە، مۇلازىمەت مۇئەسسەسە راسخوتى 2.7 ھەسسە ئاشقان. بۇنداق ئېغىر بوينى يالغۇز كارخانا ئۆزى يۈدۈۋالسا چىدىيالمايدۇ، كارخانىلارغا ھەل قىلىشىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىكى تۈپ چىقىش يول ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئەسلىدە جەمئىيەت ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇلازىمەت خىزمىتىنى كارخانىدىن ئايرىپ چىقىپ، كارخانىنى سەپكە يەڭگىل ئاتلاندۇرۇش. پېنسىيىگە چىققان ئىشچى-خىزمەتچىلەر راسخوتىنىڭ پۈتۈن كارخانا سېلىقىنىڭ بىرىمدىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش سۇغۇرتىسىنى بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئىشلارنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئاۋال ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىش كۈتۈش سۇغۇرتا تۈزۈمىنى تېزدىن بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

**كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكى مەسىلىسى.** دائىرىدىن قارىغاندا، «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش توغرىسىدىكى نىزام»دا بەلگىلەنگەن 14 تۈرلۈك كارخانا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنىڭ سەككىزى تولۇق ئەمەلىيلەشكەن، تۆتى ئاساسەن ئورنىنى تاپقان، قالغان ئىككىسىنى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىن بولغان. بەزى جايلار ۋە تارماقلار كارخانىلارغا بېرىلگەن بەزى ھوقۇقلارنى يەنە قايتۇرۇۋالغان. دېمەك، مەمۇرىي ئورگانلارنى قىسقارتىپ ھوقۇقنى قويۇۋېتىش خىزمىتى تېخى ئاخىرلاشمىغان. «كارخانا قانۇنى» ۋە «ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش توغرىسىدىكى نىزام»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كارخانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقنى قالدۇرماي تولۇق چۈشۈرۈپ بېرىش، ئەمەلدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك سىياسەتنى تولۇق ئەمەلدە كۆرسىتىش كېرەك. كارخانىلارغا قول ئۇزارتىپ، قالايمىقان مەبلەغ توپلايدىغان، قالايمىقان سېلىق سالىدىغان، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان مەسىلە-

لەر گەرچە بىر ئاز يېنىكلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولماقتا. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئۆتكەن يىلى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە تۈرلۈك نام بىلەن كارخانىغا سېلىق سېلىپ توپلانغان مەبلەغ 50 مىليون 510 مىڭ يۈەن بولغان. شۇڭا، ھەر جەھەتتىن تۈزەشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئىبراھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئۈستىدە مۇلاھىزە

فۇ رۇيى

بۇ يىل دەل ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنىڭ 10-يىللىقى، شۇنداقلا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان بىرىنچى يىل. بۇ قۇتلۇقلاشقا تېگىشلىك ئىش. توپ مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئۈمىد مائارىپتا، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە، ئۈمىد ئوقۇتقۇچىلار-دا. ماركسىزمنىڭ مۇھىم بىر نۇقتىئىنەزىرى: تەربىيە بەرگۈچىلەر ئاۋۋال تەربىيە ئېلىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى ۋەزىيەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسىدە، ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، تەربىيىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە قاراتمىلىقنى كۈچەيتىش، تەربىيىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنتايىن زۆرۈر.

## 1. ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ زور ئەھمىيىتى

ئەگەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىلغان تەربىيە بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان تەربىيىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلىدىغان بولساق، كىشىلەر مۇقىملىشىپ قالغان روھىي ھالىتى بويىچە ھەمىشە تەربىيىلەش نىشانىدىن چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتىلغان تەربىيىگە سەل قارايدۇ. لېكىن، ئەگەر بىز تەربىيىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلىدىغان بولساق، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىنى ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان تەربىيىنى ئوبدان تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، بىرەر مەكتەپنىڭ مائارىپ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى-

تۆۋەن بولۇشى تولاراق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق. ئەمما، ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسى دېگەن نېمە؟ ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسى قايسى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە، ئىلگىرى كىشىلەر ھەمىشە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى نوقۇل ھالدا، ئوقۇتۇش ئىقتىدارى بىلەن پەن تەتقىقات ئىقتىدارىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، يەنى كەسپىي ساپاسى دەپ چۈشىنەتتى، ئەمەلىيەتتە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە، ئىدىيىۋى پەزىلەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشمۇ بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»دا ئىدىيىۋى پەزىلەت جەھەتتىن ئوبدان تەربىيىلەنگەن ۋە كەسپىي ساپاسى ياخشى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن، بۇ ئىلمىي بەلگىلىمە بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى پەزىلەت بىلەن كەسىپكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا تەربىيىلىشىمىز ئۈچۈن قانۇنىي مىزاننى يەتكۈزۈپ بەردى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشى جەھەتتە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن قانات يايدۇرۇلغان ”ئادەمنى ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش“(ئوقۇتۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەش، مۇلازىمەت ئارقىلىق تەربىيىلەش) پائالىيىتى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئىلھام بېرىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ”ئادەمنى ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش“ پائالىيىتى بىر خىل رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»نىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئوقۇغۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا تېخى تۈزۈلمە جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، ئوقۇتۇش بىلەن ئادەم تەربىيىلەش بىر-بىرىدىن ئايرىلىدىغان ئىللەتلەر تېخى ئىدىيىۋى تەربىيە تۈزۈلمىسى جەھەتتىن تۈگىتىلگىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى ئىسلاھاتىنى ئىدىيىۋى تەربىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يۆنىلىشىگە قاراپ پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇقەررەر ئىش. بۇ جەھەتتە، سەنشى داشۆسىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتى ”ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلىشى بويىچە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى“نى سىناق تەرىقىسىدە بىر يىلدىن كۆپرەك يولغا قويدى. بۇ فاكۇلتېت ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتىگە ئاساسەن، دەرس ئالغان ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ نورمال دەرس ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوندەك ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەش نىشانى قىلىپ، ئۇلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە، كەسپىي ئۆگىنىش، ئۆگىنىش ئىستىلى، ئىنتىزام قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىش

مىقدارىنى ھېسابلاپ، ئۇنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش، قوشۇمچە ۋەزىپە يۈكلەش، باھالاپ مۇكاپاتلاش ئىشلىرىدا مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى ئىسلاھات جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوش ۋەزىپىنى ئادا قىلىشى، يەنى ھەم ئوقۇتۇشنى، ھەم تەربىيەلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى، ھەم ئوقۇغۇچىلارغا مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىشى، ھەم ئۇلارنى سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتتىن، ئۇنىۋېرسال ساپاسى جەھەتتىن ساغلام ئۆسىدىغان قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەكلىكىنى تۈزۈلمە جەھەتتىن يەنى تۈپ ئاساستىن بەلگىلىدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئالىي مەكتەپلەردە ھەقىقىي تۈردە ھەممە خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت قوشۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى، نەزەرىيە سەۋىيىسى، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەكلىكىدە، ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، ھەتتا ئەكسى تەسىر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۆزى بىلمىگەننى ئۆزگىگە قانداق بىلدۈرۈش مۇمكىن؟ ئەگەر ئوقۇتقۇچىلار باشقىلارغا ئۈلگە بولالمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۇلار قانچىلىك ئويۇشتۇرۇش كۈچى ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بولالىسۇن؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ھالقىسى. ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز تۇرانە ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ، بىر ئابرويلۇق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىلىنمىدۈرمەي چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىبارەت بۇ تەربىيە سۇبيېكتىغا سەل قارالسا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارالسا، بۇ زور يېڭىلىشقانلىق ۋە خاتا يولدا ماڭغانلىق بولىدۇ.

ئىسلاھاتنىڭ پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتىنىڭ روشەن تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرگە مەيلى مىقدار جەھەتتىن بولسۇن ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن ئېھتىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى، بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېزلىكتە ياخشى سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاغا ئىگە،

قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان، نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە، يارامىلىق، ئۇنۇمى ياخشى، ھاياتىي كۈچكە باي ئەسىر ئاتلايدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم، بۇ—— ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىر.

## 2. نۆۋەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

مېنىڭچە، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتە بولۇپمۇ مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى تەربىيىنى ئوبدان تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

بىرىنچى، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى تەربىيىسى. بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگىنىشنى ھەقىقىي ئوبدان تۇتۇش—— ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ۋەزىپە. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئوقۇش ئىقتىدارىغا ۋە مەلۇم نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ئىگە، شۇڭا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش ئاساسىدا، قەرەللىك ھالدا مەخسۇس تېما بويىچە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەخسۇس تېما بويىچە يۇقىرى سەۋىيىلىك دوكلاتلارنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش ۋە قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ياخشى ئېچىش كېرەك. پەنلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆگىنىش مەزمۇنى جەھەتتە بىرەر تەرەپكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشكە بولىدۇ، ھالقىلىق مەسىلە، ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ھەر كىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇزاكىرە داۋامىدا بىر-بىرىگە ئىلھام بېرىپ، كۆزقاراشنى يېگىلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە.

كەڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسى بىلەن تېخى ئانچە كۆپ ئۇچراشمىدى، بولۇپمۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى نەزەرىيىسى، بازار سىستېمىسى نەزەرىيىسى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، كىرىم تەقسىماتى تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى نەزەرىيىسى قاتارلىق نەزەرىيىلەرنى ئوقۇشقا تېگىشلىك يېڭى دەرس قاتارىدا كۆرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي دولقۇندا ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يۆنىلىشنى پەرق ئېتىپ، ئەندىشە-گۇمانلاردىن خالاس بولۇپ، سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھايات قارىشى، قىممەت قارىشى تەربىيىسى. يوشۇرۇشقا بولمايدۇكى، جەمئىيەتتىكى

www.uyghurkitap.com

پـۈلپـەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللارنىڭ تەسىرى شۇنىڭدەك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەكسى تەسىرىنىڭ تۈرتكىسى تۈپەيلىدىن، بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدا ناتوغرا ئېغىش پەيدا بولدى، سىياسىي قىزغىنلىقى ۋە غايىسى سۇسلىشىپ قېلىش، كوللېكتىپچىلىق ئېڭى ئاجىزلىشىپ كېتىشتەك خاھىشلار يۈز بەردى، ئۆزىنى مەركەز قىلىش، شەخسنى ئاساس قىلىش، قىممەت سۈبيېكتىنى مەنلەشتۈرۈش، قىممەت يۆنىلىشىنى مەنپەئەتلەشتۈرۈش، قىممەت نىشانىنى قىسقا مۇددەتلىك قىلىۋېتىش خاھىشى كېلىپ چىقتى، نەتىجىدە، سىياسىي بىلەن كەسپىنىڭ، شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ، بىلىم بېرىش بىلەن تەربىيىلەشنىڭ، ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتنىڭ، ئۆز خىزمىتى بىلەن قوشۇمچە خىزمەتنىڭ، ئىگىلىك يارىتىش بىلەن كۆپ كىرىم قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يامان تەسىر بېرىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنىڭ ناھايىتى بەك رېئال ئەھمىيىتى بار.

ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەربىيىسىنى ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بىرەر مەكتەپ، بىرەر فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلگەن-كۆرۈلمىگەنلىكىگە قاراشتا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئاكتىپ ئورۇندىغان-ئورۇندىمىغانلىقىغا، ”ئۆزى مەكتەپتە تۇرسىمۇ، كۆڭلى سىرتتا بولۇش“ مەسىلىسىنى ھەل قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىداكارلىق روھى كەڭ جارى قىلدۇرۇلغان-قىلدۇرۇلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

ئۈچىنچى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى، يەنى ئوقۇتقۇچىلارغا خاس ئەخلاق-سالاپەت تەربىيىسى. ئوقۇتقۇچىلار ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغانلاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلغان ئەڭ ئاساسىي تەلەپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي نەزەرىيىدىن بىلىم بېرىش، توغرا ئىدىيىدە تۇرۇپ تەربىيە بېرىش، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرۈش، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىدىيىدە ئىلغار، ئەخلاقى دۇرۇس، بىلىمگە جەددىي قارايدىغان، پېتەكلەشكە ماھىر بولىدىغان ئۇستازلىق ئوبرازىنى تىكلەشتىن ئىبارەت.

كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش ئىستىلىنى تۈزىتىش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش-مۆلچەرلەش

قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان كەسپىي ئەخلاق قائىدىسى، نىزامى ياكى رىئايە قىلىدىغان تەرتىپىنى ئورنىتىش لازىم، بۇنىڭدىن مەقسەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ۋە ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش.

## 3. ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى

ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت سىياسەت خاراكتېرلىكى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردە پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەردە زىيالىيلارغا بولغان "ھۆرمەت قىلىش، تايىنىش، كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆستۈرۈش"تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى قانداق ئىجرا قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈشى، بولۇپمۇ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە دەرسلەرنى تەسىس قىلىش، پەن تەتقىقات، ئىلىم-پەن سەپلىرىنى بەرپا قىلىش، ئىلىم-پەن باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەريانىدا چوقۇم ئىدىيىدە ئېسەنكىرەش ۋە كەيپىياتتا خوداڭشىشتەك تۈرلۈك ئەھۋاللارغا يولۇقىدۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغانلار خىزمەتنى ئىنتايىن قىزغىن ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىسلاھات جەريانىدا تۈرلۈك مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، كەيپىياتنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.

بەزى ئىلغار ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە تۆۋەندىكىدەك كونكرېت ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولارمىكىن دەيمەن:

1) ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش يۈزىسىدىن مەكتەپ ۋە فاكۇلتېت دەرىجىلىك يېتەكچىلىك كومىتېتىنى قۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا مەخسۇس تېمىدا ئىدىيىۋى تەھلىل يىغىنى ئېچىپ، ئەھۋال ئىگەللەپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، تەدبىر بەلگىلەپ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش.

2) ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتى بويىچە زۆرۈر تۈزۈملەرنى ئورنىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلار تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش، ئۇستاز شاگىرتنى باشلاش شەكلىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيە توختىمى تۈزۈمى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇكاپاتلاش تۈزۈمى شۇنىڭدەك باشتا دەپ ئۆتكەن ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەشكە ئائىت نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيىنى پەيدىنپەي قېلىپلاشتۇرۇش يولىغا سېلىش لازىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت ئورنىنى كۆتۈرۈش، چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش، مۇكاپاتلاش ئىشلىرىدا ئاساسلىنىدىغان ”زۆرۈر شەرت“ لەرنىڭ بىرى قىلىش لازىم. ئەلۋەتتە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى باشقۇرىدىغان مەسئۇل كىشى ئۇنىۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇشى كېرەك.

3) ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. پارتىيە ئەزالىرى كۆپرەك كافېدرالار ئۆز ئالدىغا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشى كېرەك، پارتىيە ياچېيكىسىنى كافېدرادا قۇرۇش ياكى بىرنەچچە قوشنا كافېدرالاردا بىر پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى كافېدرا جۇرىيىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ كافېدرا قۇرۇلۇشىدىكى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتى خىزمىتىدىكى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

4) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان تۇتۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلارنى پىلانلىق ھالدا تۈركۈمگە بۆلۈپ، يېزىلاردا نامراتلارنى يۆلەشكە، ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشچى-دېھقانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكىللىرى ھەر خىل بولۇشى كېرەك. پەن-تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، پەن-تېخنىكا ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىش، قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە ھەمكارلىشىش، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش پاراكتىكىسىغا ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈش لايىھىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنى بىلىش، ئىشچى-دېھقانلارغا چوڭقۇر چۆكۈشنىڭ ياخشى شەكلىدۇر. ھازىرقى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئىشقا سېلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلەنىپ، پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا ئالاھىدە ئىلھاملاندۇرۇش

لازىم.

5) خىزمەتنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن باشلاپ ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۆز كەسپىگە زور ئىشتىياقى بار، ئۇلار تۇرمۇش تەمىناتى جەھەتتە بەك يۇقىرى تەلەپ قويمايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك كەسپىي يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ نەتىجە يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن پەن تەتقىقاتى شارائىتى ۋە خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىش ۋە بۇ شارائىتنى ياخشىلاپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئالماشتۇرۇش، پەن تەتقىقاتى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش، راسخوتنى ياردەم قىلىش، ئۇنۋان باھالاش، بىلىم ئاشۇرۇش، تۇرالغۇ شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق ھالدا ئۆزلىرىگە ئېغىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي ھەقلىق تەلەپ. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك، ئەمەلىي ئىشلەش روھى بىلەن ھەممە ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى تۆۋەن، يۈكى ئېغىرراق بولۇش تۈپەيلىدىن ئىدىيىسىدە ۋە روھىي ھالىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىق ۋە غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز تۈردە يول ئېچىش لازىم، بۇ مۇھىم بىر نەزەرىيە مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېشىلىق يارىتىپ، خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان كادىرلىرىمىز باش تارتماي يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا كۈچ-قۇدرىتىنى تۆھپە قىلىشى كېرەك.

(ئاپتور: سەنشى داشۆسىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئايشەم تاۋار

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# دىڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا

لۇ جىنىڭ

ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشى——ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە بولغان مەزگىلدە ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش جەريانىدا ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىدا چىڭ تۇردى ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇردى.

**ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىدا، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىنىڭ ئاساسىنى ۋە يادروسىنى چوڭقۇر شەرھلىدى.**

ھەقىقەت ئوبيېكتىپ نەرسىمۇ، ئەمەسمۇ، ھەرقانداق شەخسكە، گۇرۇھقا ھەتتا ئىنسانلارغا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ مەزمۇنغا ئىگىمۇ، ئەمەسمۇ، ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىنلا ئىبارەتمۇ، ئەمەسمۇ، بۇ مەسىلە ھەقىقەت قارىشىدىكى مۇھىم مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىگە ماتېرىيالىزم ۋە ئىدېئالىزم مۇقەررەركى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل جاۋابنى بېرىدۇ.

لىن بياۋ، ”تۆت كىشىلىك گۇرۇھ“ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار تارقاتقان ئىدېئالىستىك ھەقىقەت قارىشىنىڭ يەنىلا خېلى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇ مەزگىللەردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشنىڭ رېئاللىققا جىددىي قاراشقا، پارتىيىمىزنىڭ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نى قوزغاپ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى، ئەكسىچە ”ئىككى ئومۇمەن“نى باھانە

قىلىپ، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“نىڭ خاتا نەزەرىيىسى، لۇشيەنى، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ۋە شوئارلىرىنى داۋاملىق قوللىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خىزمىتىنى ئارىسالدى ھالەتتە قالدۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى كەسكىن تۈردە قوزغىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، ”ئىككى ئومۇمەن“نى تەشەببۇس قىلىدىغان يولداشلارنىڭ ئىدېئالىستىك ھەقىقەت قارىشىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز ئىشلەۋاتقان ھەرقانداق خىزمەتنىڭ توغرا ياكى تامامەن توغرا بولغان-بولمىغانلىقىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت سىنايدۇ. ئەمما ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ھەر كۈنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بەزى يولداشلىرىمىز كۆپ ھاللاردا ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق تۈپ نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە تۈپ ئۇسۇلىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ ۋە تاشلىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس، بەلكى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشقا چېتىلىدىغان مەسىلىدۇر. ئۇ كەسكىن تۈردە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماۋ زېدۇڭنىڭ ”ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئەمەلىيەتتىن باشقا چارىسى يوق“ دېگەن قائىدىسىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشقا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىزنى ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىغا، خىزمەتنى زىيانغا ئۇچرىتىش ۋە ئىنقىلابتا مەغلۇب بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ، خالاس. بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ئىدېئالىستىك ھەقىقەت قارىشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزمچىلارغا خاس روھ بىلەن مۇنداق دەپ ئالاھىدە كۆرسەتتى:

1. ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. مەسىلەن، ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن مائارىپ خىزمىتى ۋە زىيالىيلار ئۈستىدىكى ”ئىككى مۆلچەر“گە ماۋ زېدۇڭ قوشۇلغان ھەم ئىمزا قويغان، لېكىن بۇ بۇنىڭدا ھەق-ناھەقلىق مەسىلىسى يوق دېگەنلىك ئەمەس. ”’ئىككى مۆلچەر‘ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. مىليونلىغان-ئون مىليونلىغان زىيالىيلارنى بىر كالتەك بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتسە قانداق بولىدۇ؟“ ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ئىككى مۆلچەر“ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ، ”دۇنيا قاراش، مۇھىمى، كىم ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاڭلىق ۋە ئىختىيارىي يوسۇندا سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئىشلەيدۇ“؛ مائارىپ سېپىدىكى 17 يىللىق خىزمەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى قىزىل يېپتىن ئىبارەت. ”17 يىلغا ئاشۇنداق باھا

www.uyghurkitap.com

بەرمسەك، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز.»(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 2-توم، 76-، 108-بەتلەر) دېڭ شياۋپىڭنىڭ قارىشىچە، ئىنقىلابىي داھىيلارنىڭ قىسمەن ئىدىيىسى، قىسمەن ھۆكۈملا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئىدىيىسى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. مەسىلەن، ئەمەلىيەت ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي، توغرا ئىكەنلىكىنى، ئەمما ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتا ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي ئەمەسلىكىنى، توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئالدىنقىسىدا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز، كېيىنكىسىنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقىدىن قول ئۈزۈپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلغاندىلا، ئاندىن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

2. پارتىيىنىڭ لۇشيەن، قارارلىرىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىرەر گەپ پارتىيە قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقىنى زادى مۇزاكىرە قىلىشقا بولمايدۇ دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، بولمىسا كېيىنكى قۇرۇلتايدا يېڭى گەپلەر قانداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؟»(«دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 291-بەت) ئەمەلىيەتتە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى 11-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن لۇشيەن، قارارلارغا زور دەرىجىدە تۈزىتىش كىرگۈزدى، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن شوئارنى قوللىنىشنى توختىتىش، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشنى كەسكىن تۈردە قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيىمىز تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي نورمال ئەھۋال ۋە پۈتۈنلەي توغرا، دەرۋەقە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، قارارلىرىغا دائىر بەزى گەپلەرگە تاقىلىدىغان مۇھاكىمە، پارتىيە ئىنتىزامى بويىچە، پارتىيىنىڭ مۇۋاپىق يىغىنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىشى، بۇ دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىدا، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ يادرولۇق نۇقتىسىنەزىرىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلغانلىقى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا دەل جايىغا تەگكۈزۈپ تەھلىل يۈرگۈزگەنلىكى ۋە قائىدە سۈزلىگەنلىكى ئۈچۈن، يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەر كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتى، پارتىيە قەلبىدىن ۋە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن

ئالدى. بۇنىڭ بىلەن، پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، «سول»چىل خاتا يېتەكچى ئىدىيىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈزىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا لۇشيەن ۋە بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىدىيىۋى شارائىت يارىتىلدى، ياخشى ئىدىيىۋى ئاساس سېلىندى.

**ھەقىقەتنىڭ دىئالېكتىكىلىقىدا، ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەقىقەتنى راۋاجلاندۇرۇشـ تا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىنىڭ جېنىنى ۋە جەۋھىرىنى چوڭقۇر شەرھلىدى.**

ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشى ماتېرىيالىستىك قاراشلا بولماستىن، ھەم دىئالېكتىك قاراشتۇر. دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىنىڭ دىئالېكتىكىلىقىدىمۇ كارامەت چىڭ تۇردى، ئۇنى كارامەت تەتبىقلىدى ۋە جارى قىلدۇردى.

**1. ھەقىقەتنىڭ ئەتراپلىقلىقى ۋە كونكرېتلىقى**

ماركسىزم شۇنداق قارايدۇكى، پەقەت ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ھەممە تەرىپىنى، ئۇنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى (تۈرلۈك ئىچكى باغلىنىشلىرى ۋە تاشقى باغلىنىشلىرى)نى، مانا مۇشۇ تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىـ نى، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى بىلەن بىرلىكىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن مۇشۇ شەيئىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە كونكرېت بولغان ھەقىقەت خاراكتېرىدىكى بىلىشكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ «ئىككى ئومۇمەن»دىن ئىبارەت خاتا فاڭجېنغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا، ماركسىزملىق پەلسەپىدىكى ئەنە شۇنداق ھەقىقەتنىڭ ئەتراپلىقلىقى ۋە كونكرېتلىقى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرنى جارى قىلدۇردى، ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى مۇكەممەل بىر ئىلمىي سىستېما، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش لازىم، ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر-ئىككى ئېغىز سۆزىنى ۋە بىر-ئىككى نۇقتىئىنەزىرىنىلا تۇتۇۋېلىپ، بىر تەرەپلىمە ھالدا تەشۋىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە خاس مۇكەممەل سىستېما بويىچە توغرا چۈشىنىش لازىم. مەلۇم بىر ساھە، مەلۇم بىر جەھەتتىكى مەسىلىلەردىمۇ ئەتراپلىق ۋە توغرا چۈشىنىش لازىم.

**2. ئەمەلىيەت ئۆلچىمىنىڭ مۇتلەقلىكى ۋە نىسپىيلىكى**

ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشى شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيىتى ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئەمەلىيەت ھەم مۇتلەقلىك ئەھمىيىتىـ گە، ھەم نىسپىيلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. (1) بارلىق ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنى ئەمەلىيەت سىنايدۇ، دېگەن

بۇ نۇقتا مۇتلەق ھەم شەرتسىز بولىدۇ؛ (2) ئەمەلىيەت ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا چەكلىمىلىككە ئىگە بولىدۇ، بارلىق ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنى شەرتسىز ۋە پۈتۈنلەي دەلىللەپ بېرەلمەيدۇ ياكى پۈتۈنلەي رەت قىلىشقا بەلمەيدۇ، دېگەن بۇ نۇقتا نىسپىي ھەم شەرتلىك بولىدۇ؛ (3) بۈگۈنكى ئەمەلىيەت جاۋاب بېرەلمىگەن مەسىلىگە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت ھامان جاۋاب بېرىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنە مۇتلەق بولىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەت ئۆلچىمىنىڭ مۇتلەقلىقى بىلەن نىسپىيلىكىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى دىئالېكتىكىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەت ئۆلچىمىنىڭ مۇئەييەنلىكى ۋە مۇتلەقلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، مۇئەييەن باسقۇچتىكى ئەمەلىيەت ھامان چەكلىمىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەمەلىيەت ئۆلچىمى مۇئەييەنسىزلىككە ۋە نىسپىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتنىڭ دەسلەپكى سىنىقىدىن ئۆتكەن نۇرغۇنلىغان توغرا بىلىشلەرگە قارىتا كىشىلەرنىڭ يەنىلا ئوخشاش بولمىغان پىكىردە بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتنىڭ يەنىمۇ ئىسپاتلىشى ئارقىلىقلا، كىشىلەرنىڭ ئاندىن ئۇنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش فاڭجېنى توغرىمۇ-توغرا ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىنى توختىتىپ قويۇپ، بۇ مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىشقا بېرىلىپ كەتكەن بولساق، بۇنىڭغا ئېنىق جاۋاب تاپالمىغان بولاتتۇق. ھازىرقى يېڭى ئەمەلىيەت ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ دەسلەپكى ئەمەلىيىتى ئېنىق جاۋاب بېرەلمىگەن نۇرغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەندە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى مەملىكىتىمىزنىڭ شەھەر-يېزىلىرىغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نامايان بولغاندا، ئەينى ۋاقىتتا پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقى ئۆزلۈكىدىن ئېنىق بولدى.

### 3. ھەقىقەت — جەريان، ھەقىقەت ئەمەلىيەت داۋامىدا تەرەققىي قىلىدۇ

ماركسىزم شۇنداق قارايدۇكى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، جەريانىنىڭ ئۆزى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، دېمەك، كىشىلەرنىڭ بىلىشى، جۈملىدىن ھەقىقەت خاراكتېرلىك بىلىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نۇرغۇنلىغان سورۇنلاردا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى: "بىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارمىز، ھەرقانداق مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا ۋە ھەل قىلغاندا مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىن چەتلىمەيمىز. ...ۋاقىت، شارائىت، ئوبيېكت ئوخشىمىغانلىقتىن، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشى-

مايدۇ.» ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: يېڭى تارىخىي شارائىتنى ئىنكار قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر «تارىخنى ئۈزۈپ قويىدىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتلەيدىغان، مېتافىزىكىلىق يول تۇتىدىغان نۇقتىئىنەزەر، دىئالېكتىكىغا خىلاپ نۇقتىئىنەزەردۇر.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 193-، 197-بەتلەر) دېڭ شياۋپىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتە بۈگۈنكى ئەڭ مۇھىم يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە نېمە، دېگەن سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرىپ، ئۇ بولسىمۇ «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» يەنى «جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت» دېگەن. «جۇڭگوچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش» نىشانىغا يېتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى: «ئىلمىي سوتسىيالىزم ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا تەرەققىي قىلىدۇ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئەمەلىي كۈرەش داۋامىدا تەرەققىي قىلىدۇ. . . ئىدىيىنى ئازاد قىلىش دېگەنلىك ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ توپ قائىدىلىرىنى تەتبىق قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 2-توم، 284——285-بەتلەر) ئۇ پۈتۈن پارتىيىنى جۇڭگودا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوقۇم چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشلىق تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

**ھەقىقەت خەلق ئاممىسىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ دېگەن قاراشتا، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پارتىيىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە نىشانى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشى بىلەن قىممەت قارىشىنىڭ بىرلىكىنى چوڭقۇر شەرھلىدى.**

ماركسىزملىق پەلسەپە «ئەمەلىيەتتە سىنالغان بولسا ھەقىقەت» دېگەن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق ئاساستىكى ھەقىقەت قارىشىغا قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق ئاساستىكى ھەقىقەت قارىشى ھەقىقەت مەزمۇنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما ماركسىزملىق پەلسەپە ھەقىقەتنىڭ خەلق ئاممىسىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئىنكار قىلغان ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەرقانداق ھەقىقەت خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ ئۇرۇل-كېسىل ماتېرىيالىزمچى ۋە خەلق مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى. ئۇنىڭ ھەقىقەت-

نىڭ ئوبيېكتىپلىقىدا ۋە ھەقىقەتنىڭ دىئالېكتىكىلىقىدا چىڭ تۇرۇشتىن مەقسىتى كىشلەرنى دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى بىلىشكە ۋە دۇنيانى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ئىزچىل تۇردە مۇنداق دەپ قاراپ كەلدى: سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت، توغرا سىياسىي رەھبەرلىك مېۋىسى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۇرتاق يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزملىق ئۇقتىسىنەزەر ئۇنىڭ 1978-يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدىكى كەڭ مۇھاكىمىنى قوزغىغانلىقىدا ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىدا؛ ئۇنىڭ 1987-يىلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمىنى پارتىيە 13-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىغا يېزىپ كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنلىكىدە ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدا؛ بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1992-يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىدە "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ۋە شەرھلىگەنلىكىدە، يەنى خىزمەتلىرىمىزدىكى ھەق-ناھەق، پايدا-زىيانغا ھۆكۈم قىلىشتا "ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى-گە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىگە" قاراش كېرەك، («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3-توم، 775-بەت) دېگەن نۇقتىئىنەزىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك بۇ يەردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش"نى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا قويۇپ قايتا بايان قىلغان ۋە تەكىتلىگەن. چۈنكى تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر. دېڭ شياۋپىڭنىڭ "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئىدىيىسى ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، يەنە كېلىپ ئاددىي سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇ بىزدىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىشلەپ-چىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەڭ ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىدىيە بىزنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ماركسىزملىق ھەقىقەت

قارىشنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا، ئاممۇۋى نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت ئۇزۇل-كېسىل ماتېرىيالىزم-لىق نۇقتىئىنەزەرنى چىڭ تۇتۇپ مۇستەھكەم تىكلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ "ئۇچكە پايدىلىق بولۇش" ئىدىيىسىنىڭ چىن مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز، ئاندىن ئۇنىڭ ماركسىزملىق ھەقىقەت قارىشىنىڭ چىن مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز، ئاندىن ئۇنىڭ شانلىق ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلى-كىدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە ئاكتىپ ئاتلىنىپ، تۆرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز.

(ئاپتور: دۆلەت مۇداپىئە داشۆسىنىڭ پروفېسسورى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت**

www.uyghurkitap.com



# پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى

شۆي جيەنجۇڭ

پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى پەن-تېخنىكىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئون يىلدىن بۇيان، خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى نەچچە يۈز تەتقىقات يۇرتى، تەتقىقات ئورنى ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا خادىملىرى-نىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۈنۈملۈك قوزغىغاچقا، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى، يەنە كېلىپ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئەسقېتىش، كەسىپلىشىش، تاۋارلىشىش، خەلقئارالىشىش تەرەپكە قاراپ زور بىر قەدەم تاشلىدى. تولۇقسىز سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان يارىتىلغان چوڭ-چوڭ پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 2000دىن ئاشتى، ئۇلاردىن ھاسىل بولغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم جەمئىي نەچچە ئون مىليارد يۈەنگە يەتتى. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يارىتىلغان پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن 267 تۈر خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن، 272 تۈر مەملىكەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن ياكى بوشلۇقنى تولدۇرغان، 45 تۈر دۆلەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ھەرقايسى تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 20%چە سۈرئەتتە ئېشىپ تۇردى، قىسمەن يۇرت-ئورۇنلار مەلۇم ساندا تەرەققىيات فوندى توپلىدى، بەزى يۇرت-ئورۇنلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارغا چىقاردى.

بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن، خىمىيە سانائىتى سىستېمىسىدىكى پەن تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورۇنلىرى خىمىيە سانائىتى ساھەسىدە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي سانائەت قۇرۇلۇشىدا كەڭ تەتبىقلانغان بەزى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە شەكىللىنىپ قالغان ”يۇقىرىنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش، يۇقىرىنىڭ پەن تەتقىقات خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇش“تەك ھۆكۈمەت ئىشىنى يېيىش تۈزۈلمىسى پەن-تېخنىكا

خادىملىرىنىڭ قول-پۇتىنى چۇشەپ قويغانىدى، پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياراتقان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۆتۈنۈپ بېرىش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى.

**ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھ قىلىنىپ، پەن تەتقىقاتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.** 1984-يىل 8-ئايدا، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتى تېيەنجىن خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئۈچ ئورۇننىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى ئۈستىدە سىناق تەرىقىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەستىقلىدى، ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىش خىراجىتى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان پۇلنى يىلمۇيىل ئازايتىش، يۇەنجاڭ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىچكى قىسىمدىكى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ ئورۇننىڭ ئۇچلىسى ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى قىلىپ، "داش قازاننىڭ ئېشىنى تەڭ يېيىش، تۆمۈر تاۋاقنى كۆتۈرۈش" ئەھۋالىنى تۈپ ئاساسىدىن بۇزۇپ تاشلاپ، ئىش ئورنىدىكى نەتىجە بىلەن مائاش، مۇكاپات پۇلى قاتارلىق ئىقتىسادىي كىرىملەرنى باغلايدىغان ئىش ئورنى ھۆددىگەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يۇرت-ئورۇنلار تەتقىقات بۆلۈملىرى، سېخلار ۋە بۆلۈم-ئىشخانىلار بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سۈپىتى، پەن تەتقىقات سەۋىيىسى، پەن تەتقىقاتىدىكى زاپاس كۈچ ۋە تەرەققىيات ئىقتىدارى قاتارلىق ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچلەرنى مەزمۇن قىلغان ۋەزىپىنى ھۆددىگە بېرىش-ھۆددىگە ئېلىش توختامى ئىمزالىدى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاش ھوقۇقىغا، خىراجەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ۋە خادىملارنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى؛ يۇرت-ئورۇنلار پەن تەتقىقاتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ ۋە يارىتىلغان ئومۇمىي كىرىمنىلا تەكشۈرىدۇ، خىزمەت نەتىجىسى ۋە ئۈنۈم بويىچىلا مۇكاپات پۇلى تارقىتىدۇ. بۇنداق توختامدا مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەت ئېنىق بەلگىلەنگەن بولغاچقا، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى ئۈنۈملۈك ھالدا قوزغىتىلدى، ئۇلار بىر-بىرىدىن قېلىشماي تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چۆكۈپ، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىزدەپ، تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاپ، تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلات-لارنى يارىتىش ئىشلىرى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، كارخانىلارنى كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلدى. سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، يۇرت-ئورۇنلار بىۋاستە كارخانىلار بىلەن ئىمزالىغان پەن تەتقىقات تۈرلىرى ھەر يىلى 80%لىك سۈرئەتتە ئېشىپ تۇردى، يۇرت-ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ھەسسىلەپ ئاشتى، بىرمۇنچە پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ شەخسىي ئىقتىسادىي كىرىمىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ

ھەسسلەپ ئاشتى. خۇنەن ئۆلكىلىك خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى ئۈچ يىلدا كارخانىلار بىلەن تۈزگەن ھەر خىل تېخنىكا توختاملىرى ھەر يىلى تۆت ھەسسىدىن، كىرىمى ئۈچ ھەسسىدىن كۆپىيىپ تۇردى. چاڭجۇ شەھەرلىك خىمىيە سانائىتى تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان چاغدا ئالتە ئادەم ۋە ئارىيەت ئېلىنغان 60 كۋادرات مېترلىق ئۆيلا بار ئىدى، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىي تېپىپ، زورىيىپ، ھازىر يىلىغا 150 تۈرلۈك تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرىدىغان، يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 250 مىليون يۈەنگە يەتكۈزىدىغان پەن-تېخنىكا تىپىدىكى كارخانا گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى.

**ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، پەن تەتقىقاتىدىكى زاپاس كۈچ ساقلاندى.** پەن تەتقىقاتىدىكى زاپاس كۈچنى ساقلاش-ساقلىيالماسلىق ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ياكى مەغلۇب بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئاساسلىق تەكشۈرۈش ئۆلچىمى، پەن تەتقىقاتىدىكى زاپاس كۈچنىڭ ساقلانغان-ساقلانمىغانلىقىغا قاراشتا بولسا، ئاساسەن بازاردا ئىستىقبالى ياخشى بولىدىغان زاپاس تەتقىقات تېمىلىرى ۋە زۆرۈر مەبلەغنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ياخشى تەتقىقات تېمىلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇزاق مەزگىللىك پىلاننى تۈزۈش، يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ تەدبىر كۆرۈش كېرەك، ئانچە قول تۇتمايدىغان، كۆپ مەنپەئەت بېرىدىغان ئۇششاق تەتقىقات تۈرلىرىنى تاللىشىپ، چوڭ-چوڭ تەتقىقات تۈرلىرىگە سەل قارايدىغان، كۆز ئالدىنىلا كۆرىدىغان ئىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. غەربىي جەنۇب خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلار نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرلىرىگە مايىل بولىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار ھەم تېز نەتىجە يارىتىشقا، تىرىشىپ كىرىم تېپىشقا ئىلھام بېرىدىغان مۇكاپاتلاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ھەم يۇقىرى-يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىغا ۋە ئەمەلىي پەنگە دائىر ئاساس تەتقىقاتقا ئىلھام بېرىدىغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بەلگىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا خادىم، خىراجەت، ئۈسكۈنە، ماددىي ئەشيا، نىسبەت بويىچە مۇكاپەت پۇلى ئايرىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرلىرى پىلانىنى ئورۇندىيالمىغانلاردىن مۇكاپات پۇلى تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ھەمدە ئۇلارغا كېرەكلىك خىراجەت سېلىنمىسىنى كۆچىنىڭ بارىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، چوڭ-چوڭ پەن تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا ئۈنۈملۈك ھالدا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇلار يەنە نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك نەتىجىلىرىنى زاپاس تېخنىكا قىلىپ، ئۇنى پەيتى كەلگەندە بازارغا سېلىشقا دىققەت قىلدى. شۇ ئارقىلىق بۇ نەتىجىلەرنى كېڭەيتىپ،

ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە يېڭى، سىستېمىلاشقان نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدى. قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەش، كۆپەيـ تىش، كېڭەيتىش نەتىجىسىدە، تەتقىقات تېمىلىرى زاپىسى بارغانسېرى كۆپەيدى، يەن تەتقىقاتىنى داۋاملاشـ تۇرۇش ئىقتىدارى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى.

تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش-تەتبىقلاشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇسكۈنە تېپىنى تاللاش، لايىھەلەش، قۇراشتۇرۇش، سىناق قىلىش، خادىملارنى تەربىيىلەشتىن ئۈلچەمگە لايىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقىچە بىر تۇتاش مەسئۇل بولىدىغان، "ئاچقۇچنى تاپشۇرۇش" دەپ ئاتالغان قۇرۇلۇشنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇنداق قىلىش خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، ھەر يۈرۈشلۈك تېخنىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن كىرىدىغان ئىقتىسادىي كىرىمنىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، غەربىي جەنۇب خىمىيە سانائىتى تەتقىقات يۇرتى ھازىرغا قەدەر "ئېلېكتىر بېسىمنى ئۆزگەرتىپ سۈمۈرۈش" تېخنىكىسى بويىچىلا 270 يۈرۈش تېخنىكا سېتىپ، 200 مىليون يۈەن كىرىم قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتتە 4 مىليارد يۈەنگە يېقىن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ كىرىملەر مۇددەتكە بۆلۈپ ھەرقايسى يەن تەتقىقات تۈرلىرىگە سېلىنىش بىلەن، يەن تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا، يەن تەتقىقاتى بىلەن كىرىم تېپىشنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

**يەن-سانائەت-سودا بىرلەشمىلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق، يەن-تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلدى.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى يۇرت-ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈـ كىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئارقا-ئارقىدىن چوڭ تىپتىكى كارخانا ياكى كارخانىلار گۇرۇپپىسىغا، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون ۋە يۇقىرى-يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا كىرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى يەن-سانائـ ئەت-سودا گۇرۇپپىلىرى ۋە تىجارەت بىرلەشمىلىرىنى قۇردى. ھازىرغا قەدەر، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى 15 تەتقىقات ئورنى دېڭىز بويلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىغا ياكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارغا كىرىپ، شىرىكلىشىپ باشقۇرىدىغان ياكى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان شىركەتتىن 28نى قۇرۇپ چىققان. بۇنىڭ يەن-تېخنىكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زىچ بىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ياخشى شەكلى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى.

يەن تەتقىقات يۇرت-ئورۇنلىرىنىڭ ئالاقىدار كارخانىلارغا كىرىپ يەن-تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىدىغان چوڭ كارخانا گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇشى بىرلەشمە گەۋدىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، بازارنى تېزدىن ئىگەللىۋېلىشقا پايدىلىق. لېكىن سۈرەت لېنتىسى شىركىتىنى ئالساق، ئۇ ئەسلىدىكى شېنياڭ خىمىيە سانائىتى

تەتقىقات يۇرتى قارىمقىدىكى يوروۇقلۇققا سېزىمچان ماتېرىياللار ئورنى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزىگە ھەمكارلىشىپ كەلگەن ئورۇن —— خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى «سۇرەت لېنتىسى زاۋۇتى بىلەن قوشۇلۇپ قۇرۇلغان، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيا، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش بىر گەۋدىلەشكەن، پەن-تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىدىغان كارخانا. ئۇنىڭدا پەن تەتقىقاتى ئىشلەپچىقىرىشتىكى جىددىي ئېھتىياجغا ماس كېلىدۇ، تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى تېزدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىدۇ، يېڭى تېخنىكىلارنى سىناق قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەت يېتەرلىك بار، شۇ سەۋەبتىن، يېقىنقى يىللاردا ئۇ رەڭلىك سۈرەت لېنتىسى، رەڭلىك سۈرەت قەغىزى قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش ۋە سۈپەتنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن ئۈستۈنلۈكنى نامايان قىلدى. بۇ شىركەت ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ يوروۇقلۇققا سېزىمچان ماتېرىياللار كەسپى بويىچە سۈپەت جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، مەھسۇلات تۈرى ئەڭ كۆپ، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان كارخانا بولۇپ قالدى، بىرمۇنچە مەھسۇلاتلىرى خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىگە يېقىنلاشتى ياكى يەتتى، مەھسۇلاتنىڭ ئېكسپورت قىلىنىش مىقدارى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى.

بۇنداق پەن، سانائەت، سودا بىرلەشتۈرۈلگەن كارخانا گۇرۇپپىسى خەلقئارا بازاردىمۇ ئورۇن ئالدى. ئەسلىدىكى لەنجۇ خىمىيە سانائىتى ماشىنىلىرى تەتقىقات يۇرتى قارىمقىدىكى يۈيۈش-تازىلاش شىركىتى ئاساس قىلىنىپ قۇرۇلغان، پەن، سانائەت، سودا بىر گەۋدىلەشكەن يۈيۈش-تازىلاش شىركىتى —— جۇڭگو لەنشىڭ خىمىيۋى يۈيۈش-تازىلاش شىركىتىنى ئالساق، ھازىر ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 320 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇ چەت ئەللەردە شىرىكلەشكەن شىركەتتىن تۆتنى قۇردى. ئۇ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتكە تايىنىپ، ئامېرىكا قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتتە يۈيۈش-تازىلاش قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالدى، ئومۇمىي سوممىسى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن مۇددىئانامە ئىمزالىدى، 2500 توننا مەھسۇلاتنى چەتكە چىقاردى، دېمەك، خەلقئارا تىجارەت تورىنى شەكىللەندۈرۈپ بولدى.

**(ئاپتور: جۇڭگو خىمىيە سانائىتى گېزىتى ئىدارىسىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 4-تومى نەشردىن چىقتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بايلىقىنى تولۇق توپلىغان ۋە سۆز مەنىلىرىنى يېشىپ بەرگەن، سۆزلەرنىڭ مەنىسى، فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق، ستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىملائۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بەرگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيان جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانىدى، ھازىرغىچە بۇ لۇغەتنىڭ ئۈچ تومى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى. مانا ئەمدى لۇغەتنىڭ 4-تومى نەشردىن چىقتى، 4-تومغا ”ق، ك، گ، ڭ، ل“ ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ لۇغەت ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئۇيغۇرچە ماتېرىيال كۆرەلەيدىغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر. ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدىن سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ سېتىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئادرېسىمىز: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورو مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، پوچتا نومۇرى 100013.

**مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

《求是文选》（维吾尔文版） 国外代号:M5——V 国内统一刊号:CN11—2498

邮发代号:2—373 定价:0.95元 邮政编码:100013